شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报

2020 - يىل 2 - ئاي
13
پەيشەنبە
维吾尔文 2 月13日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24970 - سان بۈگۈن 2 بەت

جاسارەت بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ھەم يۇقۇمنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، جاسارەت بىلەن بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، بۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم، زور ۋەزىپە.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغاندا، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئائىت تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەتقىق قىلدى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، مەركەز يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ھازىرقى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەتقىق قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، بىز باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، مەركەز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەپ تەقسىملەش سالمىقىنى ئاشۇردى، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار مەسئۇلىيىتىنى پائال، تولۇق ئادا قىلدى، كەڭ تېببىي خادىملار ئاۋۋال ئالدىغا ئۆتۈپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشتى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلدى. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇم ۋەزىيىتىدە ئاكتىپ ئۆزگىرىش كۆرۈلدى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە پائال نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ تەستە قولغا كەلدى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كەلدى، قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇم ئالاھىدە ئېغىر ياكى خەۋپ - خەتىرى بىرقەدەر زور بولغان رايونلاردا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىپ، رايون بويىچە تەدبىر قوللىنىپ، ھەقىقىي تۈردە خىزمەتلەرنى ئەمەلىي تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتى ۋە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنى چۆرىدەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق ھالقىلارنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. قوبۇل قىلىپ داۋالاش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، قىزىغان ئاغرىقلار كۆپ شەھەرلەر بېكىتىلگەن دوختۇرخانا، داۋالاش كارىۋىتى ۋە ئايرىش نۇقتىسىنى كۆپەيتىشنى چىڭ تۇتۇپ، گۇمانىي كېسەللىك مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، قەتئىي تۈردە قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق قوبۇل قىلىش، داۋالاشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەھەللە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئاغرىقلار، بولۇپمۇ ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەۋزەل داۋالاش بايلىقى ۋە تېخنىكا كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ داۋالاپ، ئۈنۈملۈك دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ كېڭەيتىپ، دورا ۋە ۋاكسىنا پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. خۇبېي ئۆلكىسى، بولۇپمۇ ۋۇخەن شەھىرى يەنىلا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى، كارىۋات ۋە تېببىي خادىم قاتارلىق داۋالاش بايلىقى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىلارنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىشنى تېزلىتىپ، ئېغىر ئاغرىقلار كارىۋىتى بىلەن تەمىنلەشنى ئاشۇرۇپ، قوبۇل قىلىپ داۋالاش، يۆتكەپ دىياگنوز قويۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، يۇقۇملانغان ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش كېرەك. 19 ئۆلكە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەندىن باشقا ۋىلايەت، شەھەرلىرىگە نەشانلىق ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. سىرتتىن كىرىدىغانلار كۆپ چوڭ ئۆلكە، چوڭ شەھەرلەر بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاممىۋى تىزگىنلەش تەلىپى بويىچە، قايتقان كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، قاتناش قوراللىرى مەيدان - بېكەتلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، شامال ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ماسكا، تېببىي مۇداپىئە كىيىمى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، شارائىتى بار كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىشى ياكى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزگەرتىشكە ئىلھام بېرىپ، ئىشچى - خىزمەتچى كەمچىل بولۇش، ئۈسكۈنە كەمچىل بولۇش، خام ماتېرىيال كەمچىل بولۇش ۋە مەبلەغ قىس بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش كېرەك. قىس ماددىي ئەشيالارنى بىرتۇتاش يۆتكەپ تەقسىم قىلىپ، نۇقتىلىق رايونلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئالدى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئاشلىق»قا ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە «كۆك - تاق»قا شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي، قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قىلىش، تەمىنلەشنى تەشكىللەشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھازىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل، ھەرقايسى جايلار ئۇرۇقلۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت، يەم - خەشەك قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالار تەمىناتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتىيازلىق پەرۋىش، ئەتىيازلىق تېرىش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىنى پۇختىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق رايونلاردىن باشقا رايونلار بويىچە، دەرىجە بويىچە دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى يولغا قويۇشنى تۇتقا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن بىرتۇتاش پىلانلىشى كېرەك. ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش پرىنسىپى بويىچە، ناھىيە تەۋەسىنى بىرلىك قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان ناھىيە تەۋەلىرىنىڭ خەۋپ - خەتەر دەرىجىسىنى بېكىتىپ، رايون بويىچە، دەرىجە بويىچە پەرقلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بىر تەرەپلىمە ۋە چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇللارنى ۋاقتىدا تۈزىتىشى كېرەك، ئادەتتىكىلەرچە تاقىۋېتىپلا بولدى قىلىشقا، توختىتىپلا بولدى قىلىشقا بولمايدۇ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىشىنى ئازايتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئېلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ماكرولۇق سىياسەتنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان تەسىرگە قارىتا مۇناسىپ سىياسەت - تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىنمىسىنى زورايتىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەبلەغ ئېھتىياجىنى ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. باسقۇچلۇق، قاراتمىچانلىققا ئىگە باج كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش تەدبىرلىرىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش كېرەك. مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنىڭ جانلىق، مۇۋاپىق بولۇشىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا قارىتا ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى كېرىدىت بىلەن قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى بىرقەدەر زور بولغان رايون، ساھە ۋە كارخانىلارغا قارىتا پەرقلىق ئېتىبار بېرىش پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بېيجىڭدا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى ——

غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىمىز

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇرەككەپ تىركىشىش ھالىتىگە كىرگەن ئاچقۇچلۇق پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىگە بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، بىرىنچى سەپتىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار، ئامما بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى توپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، چوقۇم غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، تېخىمۇ قەتئىي ئىشەنچ، تېخىمۇ قەيسەر ئىرادە بىلەن، تېخىمۇ كەسكىن تەدبىرلەر ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرىمىز.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيىتى ئېغىر، زور، قەتئىي قىلچە بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، باش شۇجى بىرىنچى سەپكە بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، بۇ، بىز بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇۋاتقان تېببىي خىزمەتچىلەرگە ناھايىتى زور ئىلھام بولدى.» ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى سۇڭ يۇشيا مۇنداق دېدى: يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش - قۇتقۇزۇش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە بۇ دوختۇرخانىدىكى 150تىن ئارتۇق تېببىي خادىم سىجىل بىرىنچى سەپتە كۈرەش قىلىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى تەڭ قوللىنىش، ئۈنىۋېرسال داۋالاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاغرىقلارنى داۋالاش - قۇتقۇزۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلاندى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ: مەھەللە يۇقۇمدىن بىرلىشىپ مۇداپىئەلىنىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپى، شۇنداقلا سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك مۇداپىئە سېپى، دەپ تەكىتلىدى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، بۇ خەلق مۇداپىئە سېپى بارغانسېرى مۇستەھكەملەنمەكتە. ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى غەربىي ئارقا كوچا مەھەللىسى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې گوملىڭ مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ سەممىي ئۈمىدى بىزگە مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ ئېغىر،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

قۇربانىسا ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات قىممىتىنى تاپتى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى شىڭ، شې خۇيبېن

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى. لوپ ناھىيەسىدىكى چوڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قىپقىزىل پانۇسلار ئېسىلغان بولۇپ، ھەممە يەر قويۇق بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. قۇربانىسا سەيدىئەخمەت ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇردى، شۇ كۈنى ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، چىرايلىق كۆزلىرىدىن خۇشاللىق جىلۋىلىنەتتى. سىرتقا چىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ مەخسۇس ياساندى، ئۇچىسىغا يېپيېڭى سۆت رەڭلىك ماھۇت چاپان، تىزىغا كېلىدىغان قارا رەڭلىك لابا يوپكا، پۇتىغا قىسقا ئۆتۈك كىيىپ، بۇدۇر قىلغان چاچلىرىنى ئېگىز بوغۇپ، يۈزىگە سۈس گىرىم قىلىپ، پاكىز ھەم مودا ياساندى.

ھازىرقى ئەھمىيەتلىك تۇرمۇشۇمنى ياخشى كۆرىمەن

بۇلتۇر 5 - ئايدا، قۇربانىسا لوپ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملاپ، لوپ بازارلىق ھۆكۈمەتكە كېلىپ خىزمەت قىلدى. قىسقىغىنا بىرنەچچە ئايدا، قۇربانىسانىڭ تاشقى قىياپىتىدىن ئىچكى دۇنياسىغىچە ئۆزگىرىش بولدى.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، مۇخبىر قۇربانىسا بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇ مۇخبىرنى ئادەتتە خىزمەت قىلىدىغان ئورنىغا باشلاپ باردى. شۇ چاغدا ئۇ قولىغا ئۆلچەملىك كۆك رەڭلىك ھۆججەت خالتىسىنى ئېلىۋالغان بولۇپ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

شنجاڭدا يېڭىدىن بىر تېببىي مۇداپىئە كىيىمى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى كۆپەيدى

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن كۆپەيگەن بىر تېببىي مۇداپىئە كىيىمى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) سانائەت باغچە رايونىدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. سۈرەتتە: ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە تېببىي مۇداپىئە كىيىمى ئىشلەپچىقارماقتا (2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تارتىلغان). ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شې لۇڭ فوتوسى

شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى داۋالاشقا قاتنىشىپ ساقايتقان تۇنجى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقى دوختۇرخانىدىن چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: «خۇش خەۋەر، بىز داۋالاشنى باشلىغاندىن كېيىنكى تۇنجى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقى تۈنۈگۈن ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى» دېدى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 2 - دوختۇرخانا نەپەس بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچى مۇ چىڭشۇاڭ تېلېفوندا مۇخبىرغا.

مۇ چىڭشۇاڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاغرىق ھامىلدار بولغىنىغا 30 ھەپتە بولغان ھامىلدار ئايال بولۇپ، 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى، دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان، 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ۋۇخەن داشۆسى خەلق دوختۇرخانىسى شەرقىي دوختۇرخانىسىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنىپ داۋالانغان. «ھامىلدار ئايالنى داۋالاشنىڭ قىيىن نۇقتىسى دورا تاللاشتا، ھەم كېسەللىك ئەھۋالىنى تىزگىنلەش، ھەم قورساقتىكى ھامىلىگە بولغان تەسىرنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىش كېرەك.» مۇ چىڭشۇاڭ مۇنداق دېدى: شۇ سەۋەبلىك مەن شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 5 - دوختۇرخانا ئىچكى ئاجراتما بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى يۈەن لى، ۋۇخەن داشۆسى خەلق دوختۇرخانىسى تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋېي مىن باشچىلىقىدىكى

(ئاخىرى 2- بەتتە)